يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، «تۆتنى توختاتماسلىق»تا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

چىن چۈەنگو خوتەن ۋىلايەتلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىگە كېلىپ، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى، ھەر مىللەت ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تېز تۈرتكە بولۇپ، تارقىتىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكىرنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى سىجىل ياخشى تارقىتىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

چىن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەپ ساقلاپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياستى، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كۈچىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى كۈچەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامرات نوپۇسلارنى مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئېھتىمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تور قۇرۇلۇشنى مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلارنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ تېپىنى سىلىق ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە بىرتۇتاش پىلانلاپ كىرگۈزۈپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشكە يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چىن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلمىي پىلانلاپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

كېرىيە ناھىيەسىدىكى مەزگىلدە، چىن چۈەنگو يەنە قوشماقلاشقان تۇغقىنى توختىخان قۇربان ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. چىن چۈەنگو بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن سۇپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى سورىدى، ئىگىلىدى. چىن چۈەنگو مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

ئاپتونوم رايون بىختەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

## ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون بىختەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىندا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆمۈركانلارنىڭ بىختەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى جىددىي سىن يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈركان قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپ، ساھەلەردىكى بىختەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەھلىل قىلىندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھازىرقى بىختەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بىختەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىختەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆمۈركان قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپ، ساھەلەردىكى بىختەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، بىختەرلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئېغىر، زور بىختەرلىك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى تۈگىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: كۆمۈركانلارنىڭ بىختەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى قەتئىي ياخشى ئىشلەپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، كۆمۈركانلارنىڭ ئېغىر، زور بىختەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەر دەرىجىلىك كۆمۈركانلارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى، ھەرقايسى كۆمۈركان كارخانىلىرى مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىختەرلىك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىداردىن ھالقىغان ئىشلەپچىقىرىش، قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش، چاتقى بار ئىشلەپچىقىرىشنى توسۇشى، يوشۇرۇنچە قېزىش، ئوغرىلىقچە قېزىشنى توسۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىختەرلىكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش قانۇن ئىجراسىنى چىڭىتىپ، تۈرلۈك ئاپەت، ھادىسىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ، ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، قاتتىق تۈزەپ، قانۇنسىز، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى قاتتىق جازالاپ، ئىلمىي تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، يىل ئاخىرى ۋە يىل بېشىدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ بىختەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل، مۇقىم ياخشىلىنىشىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

ئاپتونوم رايونىمىز تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتى سىن يىغىنى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك
يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى

## پۈتۈن تاراتقۇ تارقىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياۋگۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرى، يۈرۈشتۈرۈش تەجرىبىلىرى خۇلاسىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنى قۇرۇش، يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاساسىي قوشۇننىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا ئومۇميۈزلۈك كىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەربىيەلەش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قوشۇننىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ تەرەققىيات يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تاراتقۇلارنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش؛ تارقىتىش ۋاستىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، نادىر مەزمۇنلارنى يارىتىش؛ تارقىتىش ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارقىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ باھالاش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، تاراتقۇلارنىڭ «قوشۇلۇش»تىن «يۇغۇرۇلۇش»قىچە بولغان جەريانىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاممىنى يېتەكلەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنىڭ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. يوچۇقلارنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ كۆچمە تېرمىنالنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇخبىرلىق ـ تەھرىرلىك تەرتىپىنى قايتا تۈزۈش؛ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش؛ ئاممىغا يېقىنلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئاخبارات + ھۆكۈمەت ئىشلىرى، مۇلازىمەت ئىشلىرى، سودا ئىشلىرى» ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنى ياخشى قۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى بىرتۇتاش پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پائال قاتنىشىشى، ماسلىشىپ ھەمكارلىشىشنى ماسلاشتۇرۇپ، تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جيۇ شۇخۇا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق، بۈك ـ باراقسان بوستانلىق، بىپايان چۆللۈك... شىنجاڭ مول ساياھەت بايلىقىغا ئىگە.

ئىگىلىنىشچە، 2018 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلىپ، تيانشان بوغدا كۆلى، تۆمۈر چوققىسى، قاراجۈن، كۆندەلەڭ، باينبۇلاق دۇنيا تەبىئىي مىراسلىرى مەنزىرە رايونىنى يادرو قىلىپ، نارات، تاڭبالى، توغراسۇ، سايرام كۆلى قاتارلىق ئىستراھەت مەنزىرە رايونلىرىنى تىرەك قىلىپ، بىر تۈركۈم خاس ساياھەت كەنت ـ بازارلىرىغا تۈرتكە بولۇپ، بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ، ئەۋزەللىكلەرنى مۇجەسسەملەپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى مول تولۇپلانغان رايون، ساياھەت سەرخىل لىنىيەلىرى، ساياھەت كەسپى توپىنى بەرپا قىلىپ، تيانشان مىراسلىرى دۆلەت ساياھەت مەنزىرە يوللىرىنى قۇرۇپ، تيانشان كارىدورى دۇنيا مىراسلىرى ساياھەت كەسپى بەلبېغىنى بەرپا قىلغان. شىنجاڭ ساياھەت مەنزىلى سەرخىل توپى ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن.

### ئەسلىھەلەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ سۈپەت ئۆستۈرۈلدى

«بىر تۈركۈمنى بەرپا قىلىش، بىر تۈركۈمنى ئۆستۈرۈش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش» پرىنسىپى بويىچە، شىنجاڭ دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش سالمىقىنى زورايتتى.

يېقىملىق بۈركۈت نېيى ئاۋازى، ئۆزگىچە بۈركۈت ئۇسسۇلى، تاجىكلارنىڭ مەززىلىك تائاملىرى... 2014 ـ يىلى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى بولغان تاشقورغان، ئالتۇن سازلىق دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى، ئالتە تۈرلۈك دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمە سۈپىتى بولغان «رەڭدار بۇلۇت ئائىلىسى» مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەنتىنى يادرو قىلغان 3.1 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى پامىر ساياھەت رايونىدا 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشنى بېكىتتى.

پامىر ساياھەت رايونى ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بېيىتىپ، نوقۇل مەنزىرە كۆرۈشنى «غىزالىنىش، قونۇش، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش» تولۇق قاپلىغان ساياھەتتىن ھۇزۇرلىنىش شەكلىگە ئۆستۈردى. 2019 ـ يىلى، پامىر ساياھەت رايونى دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە بازار تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

بازغانچىنىڭ بېلى چىڭ بولۇشى شەرت. شىنجاڭ يەنە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى، يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت مېھمانسارايلىرى، ساياھەت كوپېراتىپلىرى ۋە ساياھەت يېتەكچىلىرىنى ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە مەخسۇس تەرتىپكە سېلىپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

### قوغداش، ئېچىش تەڭ ئىلگىرى سۈرۈلدى

«بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، قىشتىكى بوغدا كۆلى بەك گۈزەل ئىكەن!» دېدى بىر ساياھەتچى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىدىكى چوڭ ئېكراندا مەنزىرە رايوننىڭ ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئەلا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھاۋاسى ساپ تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرگە ئارامبەخش ئېتەتتى.

ساياھەتچىلەرنىڭ ھەقىقىي تەسراتى تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەنزىرە رايوننى قوغداشقا ئۈزلۈكسىز مەبلەغ سالغانلىقىدىن كەلگەن.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، تيانشان بوغدا كۆلى باشقۇرۇش كومىتېتى جەمئىي 500 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە مەبلەغ سېلىپ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداشقا ئىشلىتىپ، فېيلۇڭ جىلغىسىدا گېئولوگىيەلىك ئاپەتنى تۈزەش، تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى قوغداش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، دەريا يولىنى تۈزەش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور ئېكولوگىيەنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېڭىدىن 10 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىپ، تەخمىنەن 5000 مو چېكىنگەن سۇلۇق يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش كۆلىمىنى 477 مىڭ 900 موغا يەتكۈزۈپ، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش رايونىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ساياھەت رايونلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە تەبىئىي ئېسىل مەنزىرىنىڭ مۇكەممەللىكىنى قوغداپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ فۇنكسىيەسىنى قوغداپ ھەم ياخشىلاپ، ساياھەتچىلىكنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

«سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق.» ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى، مەنزىرە رايونلىرى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. بۇ يىلقى دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20% ئاشتى؛ قاناس مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 568 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋالغان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ مەنزىرە رايونى بولۇپ، ئۇدا نەچچە كۈن كۈتۈۋېلىش مىقدارى ئەڭ چوڭ كۆتۈرۈش مىقدارىنىڭ 75%ىگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8% ئاشتى.